小汤姆系列 تام ھەققىدە ھېكايىلەر

维汉对照

# تام جازالاندى

# 汤姆挨罚



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

本书根据海燕出版社2008年1月第1版，2013年8月第14次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: **ئەركىن ئەمەت**
مۇھەررىرى: **زەينۇر مەمەتتۇرسۇن**
مەسئۇل مۇھەررىرى: **دىلبەر ئابدۇرېھىم**
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: **ئەمرۇللا ئەنۋەر**
مەسئۇل كوررېكتورى: **رىزۋانگۈل ئابلەت**

تام ھەققىدە ھېكايىلەر

# تام جازالاندى


| | |
|---|---|
| تەرجىمە قىلغۇچى: | مەريەمگۈل تۇرسۇن |
| نەشرىيات: | شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى<br>قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى |
| تېلېفون: | 0998 - 2653927 |
| ئادرېسى: | قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ |
| پوچتا نومۇرى: | 844000 |
| تارقاتقۇچى: | شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى |
| زاۋۇت: | شىنجاڭ يىبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى |
| فورماتى: | 1194 × 889 م م 24/1 |
| باسما تاۋىقى: | 1 |
| نەشرى: | 2015 - يىلى 2 - ئاي 1 - نەشرى |
| بېسىلىشى: | 2015 - يىلى 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى |
| باھاسى: | 6.50 يۈەن |

# تام جازالاندى

## 汤姆挨罚

تەرجىمە قىلغۇچى : مەرىيەمگۈل تۇرسۇن



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



بۈگۈن ئەتىگەندىلا كەيپىياتىم ياخشى ئەمەس، يەسلىگە بارغۇم يوق. چۈنكى، مەن ئەڭ ئامراق ھې-
لىقى قىزىل ماشىنامنى تاپالمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن سىمۇنغا بۇ ماشىنامنى كۆرسىتىشكە ما-
قۇل بولغانىدىم.

今天早上，我心情不好，真不想去幼儿园了。因为没有找到我最喜欢的那辆红色跑车。再说，我已经答应西蒙，要给他看呢！

— ئوماق بالام، خوش ئەمسە! — ئانام پېشانەمگە سۆيۈپ قويدى. بۇ ۋاقىتتا سىمۇن يۈگۈرۈپ
كېلىپ قىزىل ماشىنامنى ئەكەلگەن ـ ئەكەلمىگەنلىكىمنى سورىدى.
— تازىمۇ بىر ئاداشكەن!



“我的小乖乖，再见！”妈妈亲了亲我。这时，西蒙跑过来，问我带没带红色跑车。这家伙真烦人！



قانداق قىلىش كېرەك؟ قىزىل ماشىنامنى ئەكەلمىگەندىكەن سېرىق ماشىنىنى ئويناي. ئۇ بارلىق ماشىنىلار ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىقى، ئاپلا! ئۇنى لۇكا ئويناۋاتىدۇ. مېنىڭ بەك ئوينىغىم بار ئىدى!

怎么办？没有带红色跑车，我就玩黄色小汽车吧。它是所有汽车里最漂亮的。哎呀！怎么卢卡在玩？这是我想玩的呀！



— ماڭا بەرە، بۇ مېنىڭكى.

مەن ئىككى قولۇم بىلەن كۈچەپ تالاشتىم. بىراق، ئۇ پەقەتلا قويۇپ بەرمىدى.

“给我，这是我的。”我伸出双手拼命抢，可他怎么都不肯松手。



— ھۇ ئەسكى، مەن ئاۋۋال ئالغان، — دېدى لۇكا ئاچچىقلىنىپ.

“哼，你坏，是我先拿到的”卢卡很生气。



مۇئەللىم كېلىپ بىزنى ئاجرىتىپ قويدى ۋە مېھرىبانلىق بىلەن:

— ماشىنا كۆپچىلىكنىڭ، تام، ماشىنىنى لۇكاغا قايتۇرۇپ بېرىپ باشقىنى ئوينىغىن، بولامدۇ؟ — دېدى.

老师走过来，把我们拉开，温和地说：“小汽车是大家的。汤姆，把小汽车还给卢卡，你玩别的，好吗？”



ئىشقىلىپ، ئەمدى ماشىنا ئوينىغىم كەلمە-
دى. مەن بېرىپ كۇبىك تىزاي. مەن نۇرغۇن كۇبىك-
لار بىلەن ئەڭ ئېگىز بىنا ياسايمەن.

反正我也不想玩汽车了，我去搭积木吧。我要用好多好多的积木，搭很高很高的大楼。



مەن جىم بىلەن ئارىستىن كۇبىك سورىسام،
ئۇلار بېرىشنى خالىمىدى.

我向基姆和阿雷斯要积木，可他们不愿意给我。



— قاراڭلار، سىلەر ياسىغان بىنا بەك سەت بولۇپ قاپتۇ.
مەن بىرلا تېپىۋىدىم، بىنا گۇپپىدە قىلىپ ئۆرۈلدى.
نېمىدېگەن قىزىق!

“看啊，你们搭的大楼，太难看了。”我一脚踹过去，哗啦一下，大楼倒了。真好玩！




بۇ قېتىم مۇئەللىم ئانچە سىلىق گەپ قىلمىدى.

— خاپا بولۇپ قالدىم دەپلا بۇزغۇنچىلىق قىلامسەن؟ دەرھال كەچۈرۈم سورا، ئاندىن يەردىكى كۇ-
بىكلارنى يىغىشتۇرۇۋەت!

这次，老师的声音不那么柔和了："你不高兴，也不应该搞破坏！快说对不起，然后，收拾好地上的积木。"





نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك بۇ...... ئۇلار ماڭا كۇبىك بەرمىگەن تۇرسا. سىمۇن بەك ئەسكىكەن، ئۇ تېخى ماڭا تەرىنى تۇردى.

— نېرى تۇر، سىمۇن، ئەمدى سەن مېنىڭ ئادىشىم ئەمەس، — مەن سىمۇنغا قارىتىپ بىر كۇبىكنى ئاتتىم.

太不公平了……是他们不愿意分给我积木的。西蒙更可恶,还冲我做鬼脸呢!“滚开,西蒙,你不再是我的好朋友了!”我向西蒙扔了一块积木。



بۇ قېتىم مۇئەللىم راستتىنلا خاپا بولدى.
ــ تام، بىز دەرس ئۆتكەندە دېمىدۇقمۇ؟ ھەرقانداق چاغدا يامان ئىش قىلىشقا بولمايدۇ، ئېسىڭدە باردۇ؟

这回，老师真的生气了："汤姆，任何时候都不能做坏事。我们上课的时候讲过，你还记得吗？"



— بولدى، بولدى، سەن باشقىلار بىلەن ئوينى-
يالمىغاندىكىن بېرىپ رەسىم سىزغىن.

“好吧，好吧，既然你不能和别人好好儿玩，
你就自己去画画吧！”





مۇئەللىم بەك ئەسكىكەن، مەن ئەمدى ئۇنىڭغا ئامراق بولمايمەن.

老师真坏,我再也不喜欢她了。



يەنە كېلىپ، ھازىر رەسىم سىزغۇم يوق.

再说,现在我也不想画画!



نېمىش قىلسام بولار!؟

我干些什么呢?



بىر ئادەم يالغۇز قالسا بەكلا زېرىكىشلىككەن!
باشقىلار بەك خۇشال ئويناۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ.

一个人待着真没意思。看起来别人玩得还挺高兴。



مېنىڭ بۇ بىر كۈننى بۇنداق ئۆتكۈزگۈم يوق.

我可不愿意这样待一整天。



كۆزۈم ئازراق ئېچىششقا باشلىدى.

我眼睛有点儿发涩了。






چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندە، دادام مېنى ئالغىلى كەلدى. مۇئەللىم دادامغا مېنىڭ جازالانغانلىقىمنى ئېيتتى. شۇ تاپتا تېزرەك ئۆيگە قايتىپ پىچىنە - پېرەنىك يېگۈم بار ئىدى...... دادامۇ مۇئەللىمدەك تەنقىد قىلارمۇ؟

下午放学时，爸爸来接我。老师告诉他，我挨罚了。现在，我真想快点儿回家吃点心……爸爸会跟老师一样批评我吗？



دادام خاپا بولمىدى. مەن ئۇنىڭغا جازالىنىشنىڭ ئاز-
راقمۇ ياخشى ئەمەسلىكىنى ئېيتتىم. دادام:
— شۇنداق، تام، جازالىنىش ياخشى ئىش ئەمەس، لې-
كىن مۇئەللىم توغرا قىپتۇ، ئۇ ساڭا يەسلىنىڭ قائىدىسىگە
خىلاپلىق قىلغانلىقىڭنى بىلدۈرۈپ قويماقچى، — دېدى.

爸爸没有生气。我告诉他，挨罚一点儿都不好玩。“是的，汤姆，挨罚不好玩。但老师做的对，她想让你知道，你违反了幼儿园的规则。”



— كۆپچىلىك بىرگە تۇرغاندا چوقۇم ھەر خىل قائىدە ـ تۈزۈملەرگە رىئايە قىلىشى كېرەك. بەزى ئىشلارنى قىلىشقا بولىدۇ، بەزى ئىشلارنى قىلىشقا بولمايدۇ. قارا، يولدىكى ماشىنىنى پىيادىلەر يولىدا ھەيدىسە بولامدۇ؟

“大家生活在一起,要遵守各种规则。有些事情可以做,有些事情不可以做。你看,马路上的汽车,能开到人行道上去吗?”




— قىزىل چىراغ يانسا ماشىنىلار توختايدۇ، پىيادىلەر يولدىن ئۆتىدۇ. ماشىنىلار قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلىشى كېرەك.

“红灯亮了,汽车就要停下来,让行人过马路。汽车是要遵守交通规则的。”



— دادا، ماشىنىلار قائىدىسىگە رىئايە قىلمىسا جازالىنامدۇ؟ تامنىڭ بۇلۇڭدا تۇرغۇزۇپ قويامدۇ؟



— ماشىنىنى بۇلۇڭدا تۇرغۇزۇپ قويمايدۇ، لېكىن ماشىنا ھەيدىگەن شوپۇر جازالىنىدۇ، شوپۇر جەرىمانە تالونى تاپشۇرۇۋالىدۇ.

“爸爸，如果汽车不遵守交通规则，也要受到惩罚吗？也要站墙角吗？”“不是汽车站墙角，而是开车的司机受惩罚，司机会收到罚单的。”





ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، مەن بۈگۈن يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئويلىدىم.
— دادا، كىچىك ۋاقتىڭىزدا سىزمۇ شۇنداق جازالىنىپ باققانمۇ؟

回到家里，我老想着今天发生的事。“爸爸，你小的时候，也挨过罚吗？”



— ئەلۋەتتە جازالانغان. بىر قېتىم مەن ئىنىمنىڭ يەنى تاغاڭنىڭ يۈزىگە بىر مۇشت سالدىم.
بوۋاڭ مېنى ياتاق ئۆيۈمگە سولاپ قويۇپ ھەرگىز چىقماسلىقىمنى بۇيرۇدى.
ئۇ كۈنى دەل مەن ئامراق نەۋرە ئاكام بىزنىڭ ئۆيگە ئوينىغىلى كېلەتتى.

“当然挨过了。有一次，我在我弟弟也就就是你叔叔的脸上打了一拳。你爷爷就让我回到自己的房间，不许出来。那天，正好我喜欢的表哥来家里玩……”



— بىچارە دادا، شۇ ۋاقىتتا كۆڭلىڭىز چوقۇم بەك يېرىم بولغان بولغىيتتى - ھە؟ كېيىن ئۇخلاپ قالدىڭىزمۇ؟

“可怜的爸爸！当时你一定很伤心吧？后来，你是不是也睡着了？”

«جالڭ!» ئېنا مېۋە قىيامىنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى.
— بۇ قىلغىنىڭ توغرا بولمىدى، شۇنداقمۇ قىلامسەن؟
— دادا، ئېنانى جازالامدۇق - يا؟ ئۇ يەرگە تاشلىۋەت-
كەن مېۋە قىيامىنى ئېلىۋەتسۇن.

咣当！伊娜把果泥扔到了地上。

“你做的不对，这样不好。”“爸爸，要不要惩罚伊娜？他应该把掉到地上的果泥捡起来。”





— ها ـ ها، ئۇ تېخى كىچىك، ئۇنى جازالىساق بولماس. مەن ئىناغا ياردەملىشىپ يىغىشتۇرۇۋېتەي.

哈哈，她还太小，不能真的挨罚。让我来帮伊娜收拾吧。

图书在版编目(CIP)数据

汤姆挨罚：维、汉 / (法) 马斯尼编著；(法)巴文绘；梅莉，麦尔耶姆·图尔荪译. -- 喀什：喀什维吾尔文出版社，2015.2
(小汤姆系列)
ISBN 978-7-5373-3760-1

Ⅰ.①汤… Ⅱ.①马… ②巴… ③梅… ④麦… Ⅲ.①儿童文学-图画故事-法国-现代 Ⅳ.①I565.85

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第042969号

策　　划：艾尔肯·艾麦提
编　　辑：再努·麦麦提吐尔逊
责任编辑：迪丽拜尔·阿不都热依木
美术编辑：艾木热拉·艾尼瓦尔
责任校对：热孜玩古丽·阿布来提

小汤姆系列 —— 汤姆挨罚

| | |
|---|---|
| 翻　译 | 麦尔耶姆·图尔荪 |
| 出　版 | 新疆人民出版总社<br>喀什维吾尔文出版社 |
| 电　话 | 0998-2653927 |
| 地　址 | 喀什市塔吾古孜路14号 |
| 邮　编 | 844000 |
| 发　行 | 新疆新华书店 |
| 印　刷 | 新疆翼百丰印务有限公司 |
| 开　本 | 889×1194毫米　1/24开本 |
| 印　张 | 1 |
| 版　次 | 2015年2月第1版 |
| 印　次 | 2015年2月第1次印刷 |
| 定　价 | 6.50元 |

## ئوقۇش يېتەكچىسى

تام يەسلىدە جازالاندى، بىراق دادىسى ئۇنىڭغا خاپا بولماي، مۇنداق بىر سۆزنى قىلدى: «كۆپچى-
لىك بىللە تۇرغاندا، ھەر خىل قائىدە - تۈزۈملەرگە رىئايە قىلىشى كېرەك. بەزى ئىشلارنى قىلىشقا
بولىدۇ، بەزى ئىشلارنى قىلىشقا بولمايدۇ.» تام بۇنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇۋالدى. بۇ ھەممە بالىلارنىڭ
ئېسىدە ساقلىشىغا ئەرزىيدۇ. ھېكايىنىڭ ئاخىرى يەنە بىزگە مۇنداق بىر ھەقىقەتنى ھېس قىلدۇ-
رىدۇ: قائىدە - تۈزۈم بەك مۇھىم، ئەمما مۇھەببەت ۋە كەڭ قورساقلىق ھەممىدىن مۇھىم.

— شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بالىلار مائارىپى تەتقىقات ئورنىدىن جۇ جياشيۇڭ، خۇ يىخۇي



ISBN 978-7-5373-3760-1

定价：6.50 元